## 70516 ـ خىزمەتچىگە ئىشنى تېز پۈتتۈرۈشى ئۈچۈن بىر نەرسە بەرسە توغرا بولامدۇ؟

### سۇئال

مەن بىر خۇسۇسىي شىركەتتە خىزمەتچى، مېنىڭ خىزمىتىم مۇشۇ شىركەتكە خاس بولغان مۇئامىلىلەرنى ئاياغلاندۇرۇش، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بەزى خىزمەتچىلەرگە مۇئامىلىلەرنى ئېلىپ كەلسە، پەقەت ئىمزا قويۇپ بەرسە بولىدىغان ئىشقا ئەتە كېلىڭ، ئۆگۈن كېلىڭ دەپ كەينىگە سۈرىدۇ، ئۇلار مۇئامىلىنى تېزدىن پۈتتۈرۈشكە ئالدىراپ مەلۇم بىر نەرسە بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ، ئەگەر بەرمىسە، بۇ مۇئامىلە بىر ھەپتە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كېچىكىدۇ، بۇنىڭ مەن خىزمەت قىلىۋاتقان شىركەتكىمۇ زىيىنى بولىدۇ، مېنىڭ بىلىشىمچە ئىجرا قىلىنىدىغان مۇئامىلىلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق ئۇنىڭدا قائىدىگە زىت كېلىدىغان ئىش يوق، مەن بۇ توغرىدا باشقىلاردىن سورىسام، ماڭا مۇنداق دېدى: بۇ پارا ئەمەس، سىز ئۆزىڭىزگە ھەقلىق بولغاننى ئالىسىز، ئۆزىڭىزدىن زۇلۇمنى يىراق قىلىسىز، سىز توغرىنى خاتا قىلالمايسىز، خاتانىمۇ توغرا قىلالمايسىز دەيدۇ، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟، ئەگەر مەن ئاشۇ كىشىلەرگە ھەق بەرمىسەم ئىشنى ۋاقتىدا بېجىرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ ۋە مېنى شىركەتتىن قوغلايدۇ؟. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن،

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

خىزمەتچىلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئاللاھدىن قورقۇشى كېرەك، ۋەزىپىسىنى چالا قويماستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن تەلەپ قىلىنغان يول بويىچە ئادا قىلىشى لازىم، ئۇلارنىڭ خىزمەت بېجىرگىلى كەلگەنلەردىن ۋە مۇئامىلە ئىگىلىرىدىن سوغات ـ ھەدىيىلەرنى ئېلىشى ھالال بولمايدۇ، ھەدىيە بەرمىسە مۇئامىلىلەرنى ئادا قىلماي كېچىكتۈرۈپ قويۇشى توغرا بولمايدۇ، ئۇلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئالغىنى ۋە پەرزەنتلىرىگە بەرگىنى ھارامدۇر، رىشۋەت ئالغۇچىلارغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام لەنەت قىلغاندۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پارا بەرگۈچى ۋە پارا ئالغۇچىغا لەنەت قىلغان». [تىرمىزى رىۋايىتى 1337–ھەدىستە سەھىھ دېگەن. ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 3580–ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى 2313–ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ سۈنەن ئەبۇ داۋۇتتا كەلتۈرگەن].

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: "ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان

خىزمەتچىلەردىن بىرىنىڭ مۇشۇ ئورۇندا بىجىرىشكە ئالاقىدار بولغان خىزمەتنى بىجىرگەندە مۇئامىلە ئىگىلىرىدىن ھەدىيە-سوۋغاتلارنى ئېلىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئەگەر بىز بۇ ئىشىكنى ئېچىۋەتسەك، ۋە خىزمەتچىنىڭ سوغات قوبۇل قىلىشىنى دۇرۇس دېسەك، ئەلۋەتتە پارىخورلۇقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن بولىمىز، پارىخورلۇق بەك خەتەرلىك ئىش ھەم چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر خىزمەتچىلەرگە بىرەرسى خىزمەتكە ئالاقىدار ئىشقا سوغات ئېلىپ كەلسە، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىشى كېرەك بولىدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىشى توغرا بولمايدۇ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى سوغات دەپ ئەكەلسۇن ياكى سەدىقە دەپ ئەكەلسۇن، ياكى زاكات دەپ ئەكەلسۇن ھەممىسى ئوخشاش. بولۇپمۇ خىزمەتچىلەر ئەھۋالى ياخشى بولسا زاكاتنى ئېلىشى توغرا بولمايدۇ، بۇ ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق ئىش". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالىرى"18-توم 359-360-بەت].

خىزمەتچىلەرنىڭ پارا ئېلىشىمۇ چەكلىنىدۇ چۈنكى پارا ئىلىش هارامدۇر، شۇنىڭدەك پارا بېرىشمۇ هارام بولىدۇ، لىكىن مۇئامىلىنى ۋاقتىدا قىلىپ بەرمىسە ياكى مۇئامىلىنى بىكار قىلىۋېتىپ قالسا كېلىپ چىقىدىغان زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئامالسىز پارا بەرگەن بولسا، بۇنىڭ جىنايىتى بەرگۈچىگە بولمايدۇ بەلكى ئالغۇچىغا بولىدۇ، بۇنىڭ شەرتى مۇئامىلە ساھىبى پارا بېرىش ئارقىلىق ئۆز ھەققىگە يېتىشى كېرەك.

ئىبنى ئەسىير رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۆز ھەققىنى ئېلىش ياكى زۇلۇمنى يوق قىلىش ئۈچۈن بەرگەن نەرسە هارام بولغان پارىنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ". ["ئەلنىھايە"2-توم 226-بەت].

خەتتابىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۆز ھەققىگە يېتىش ئۈچۈن ياكى ئۆزىدىن زۇلۇمنى يوق قىلىش ئۈچۈن بىر نەرسە بەرسە بۇ ئازاپ ۋەدە قىلىنغان پارىنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ". ["مەئالىمۇس سۈنەن"5-توم 207-بەت].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پارا بەرگۈچى بۇ ئارقىلىق ئۆز ھەققىگە ئېرىشسە ياكى ئۆزىگە كىلىدىغان زۇلۇمنى دەپئى قىلسا بۇ دۇرۇس بولىدۇ، بۇ قاراش سەلەپ ئالىملىرىدىن ۋە بۈيۈك ئىماملاردىن نەقىل قىلىنغان". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى"31-توم 287-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.